# شىنجاڭ گېزىتى

2020-يىل 11-ئاي
6
جۈمە
维吾尔文 11 月6日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25237-سان بۈگۈن 4 بەت


# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11-ئاينىڭ 5-كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى:

بىرىنچى، ياۋ جىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

نوڭ رۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە (ئاخىرى 2-بەتتە)

## شى جىنپىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 20-قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى >> 2-بەتتە

سۈن چۈنلەن شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ئۇرۇش ھالىتى بىلەن يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى تېزدىن توسۇش كېرەك

پۈتۈن ئاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن 11-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 5-كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ھال سورىشىنى يەتكۈزدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي، دەل جايىدا بولغان، قەتئىي، كەسكىن تەدبىرلەر ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى تېزدىن توسۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

سۈن چۈنلەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى، زەمىن يېزىسى ھەمدە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسىگە بېرىپ، داۋالاش ئاپپاراتلىرى، ئايرىش نۇقتىلىرى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش مەركىزى، مىنخۇي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، يىپەك يولى جايىۋەن نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىنى تەكشۈرۈپ، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش، مەركەزلىك ئايرىش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش، ماددىي ئەشيا زاپىسى، يېزىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى، سىن ئارقىلىق بېكىتىلگەن دوختۇرخانىلاردىكى قۇتقۇزۇش-داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئاغرىقلار بىلەن سۆزلىشىپ، تېببىي قۇتقۇزۇش-داۋالاش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى ھەم شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى، (ئاخىرى 3-بەتتە)



11-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 5-كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: 11-ئاينىڭ 4-كۈنى، سۈن چۈنلەن كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ زەمىن يېزىسى 3-كەنتكە بېرىپ يېزىلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.
□ پۈتۈن ئاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

ئاپتونوم رايوننىڭ سىن يىغىنىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# قەتئىي تەۋرەنمەي ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، كونكرېت تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك

### چېن چۇەنگو قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن ئاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 11-ئاينىڭ 5-كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەننىڭ شىنجاڭدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۇەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، ياڭ شىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىندا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشكە دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

چېن چۇەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، مۇئاۋىن زۇڭلى سۈن چۈنلەننىڭ شىنجاڭغا كېلىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغانلىقى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان سەممىي غەمخورلۇقىنى تولۇق نامايان قىلدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇئاۋىن زۇڭلى سۈن چۈنلەننىڭ سۆزىدىكى تەلەپ بويىچە، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ۋە دۆلەت سەھىيە-ساغلاملىق (ئاخىرى 3-بەتتە)

## ئېچىۋېتىش داۋامىدا پۇرسەت يارىتىپ، ھەمكارلىشىش داۋامىدا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلايلى

### —— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 3-نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقى توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۇنيا ئىقتىسادىدىكى مۇقىمسىز، ئېنىقسىز ئامىللارنى كۆپەيتىۋەتتى، لېكىن جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش قەدىمى يەنىلا تېزلەشمەكتە، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئېچىۋېتىشكە يۈزلەنگەن، ھەمكارلىشىشقا يۈزلەنگەن چوڭ ۋەزىيەت ئۆزگەرمىدى.

11-ئاينىڭ 4-كۈنى كەچتە، 3-نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ سىن شەكلىدە ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى. رەئىس شى جىنپىڭ: ھەرقايسى دۆلەتلەر قول تۇتۇشۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان، ھەمكارلىشىپ مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىگە ئالىدىغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان ئورتاق ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشقا كۈچىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى، جۇڭگو ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىپ، جۇڭگو بازىرىنى دۇنيانىڭ بازىرىغا، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان بازارغا، كۆپچىلىكنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ قوشىدۇ، دەپ جاكارلىدى.

ھازىر دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ دائىرىدە تارقىلىشى بۇ چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىۋەتتى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى قارشى ئېقىمغا دۇچ كەلدى، قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىك كۈچىيىپ، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى، خەلقئارا ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، خەۋپسىزلىك، سىياسىي قاتارلىق ئەندىزىلەرنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر تەڭشىلىش بولماقتا. تارىختىن قارىغاندا، مەيلى قانداق خەۋپ-خەتەر، قانداق ئاپەت، قانداق قارشى ئېقىمغا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھامان ئالغا ئىلگىرىلىگەن، شۇنداقلا چوقۇم داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. «ئېچىۋېتىش ئىلگىرىلەش ئېلىپ كېلىدۇ، بېكىنمىچىلىك مۇقەررەر ئارقىدا قالدۇرىدۇ.» دۇنيادىكى بىلىملىك زاتلارنىڭ ھەممىسى شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى كەينىگە ياندۇرغىلى (ئاخىرى 2-بەتتە)

## ئۇلۇغۋار پىلاننى خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىغا ئايلاندۇرىمىز

### —— ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەر پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلدى

□ پۈتۈن ئاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىدا تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈلۈپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش يولى پىلانلىنىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ قىزغىن مۇھاكىمىسىنى قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس-بەستە مۇنداق بىلدۈردى: 5-ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قەرەلىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالىمىز.

«پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى بىزگە ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ بەردى.» ئاپتونوم (ئاخىرى 3-بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى پارتىيە بەدەل پۇلىدىن پۇل ئاجرىتىپ قەشقەر، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان پارتىيە بەدەل پۇلىدىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيەسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللاشقا نۇقتىلىق ئىشلەتتى. (ئاخىرى 3-بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى

پۈتۈن ئاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى 11-ئاينىڭ 5-كۈنى كوناشەھەر ناھىيەسى، ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى سۈي يەن يىغىندا مۇنداق تونۇشتۇردى: جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش مەركىزى ۋە (ئاخىرى 4-بەتتە)

كېرىيە ناھىيەسى:

## قۇملۇقتا بېيىش گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

□ پۈتۈن ئاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ يى، جېڭ جو، زوۋ يى، جۇڭ جاۋفېڭ

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان كېرىيە ناھىيەسى قۇرغاق، ھۆل-يېغىن ئاز، قۇم-بوران كۆپ، تەبىئىي مۇھىتى ناچار ناھىيە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون ئېغىر نامرات ناھىيەنىڭ بىرى. پۈتۈن ناھىيەدە 161 نامرات كەنت بار، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇس 120 مىڭدىن ئاشىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كېرىيە ناھىيەسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە بىرىنچى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تۇتۇپ، مەۋقەنى خاس تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، قۇملۇق ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ يېڭى يولىنى تېپىپ چىقتى.

### قىزىلگۈل تېرىپ كىرىمنى ئاشۇردى

ھەر يىلى 6-ئاي كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئەڭ گۈزەل مەزگىلى بولۇپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ 10 مىڭ مو يېرىدىكى قىزىلگۈللەر بەس-بەستە ئېچىلىپ، قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىدە بىر ئۆزگىچە گۈزەل مەنزىرە شەكىللەندۈرىدۇ. (ئاخىرى 4-بەتتە)